# قشلق سوۋغات



مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

ئالتۇن كۈز پەسلى ئاخىرلىشىپ قىشنىڭ سوغۇق شۇۋرغانلىرى چىقىشقا باشلاپتۇ. بىلالنىڭ ئانىسى تولىمۇ مېھرىبان ۋە ناھايىتى تىرىشچان بىر ئانا ئىكەن. ئۇ قىش باشلىنىشى بىلەنلا بىلالغا كېچىلىرى ئۇخلىماي بويىنىنى سوغۇقتىن ساقلايدىغان قىشلىق شارپا توقۇشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.



بىلال ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ دەرس مۇزاكىرە قىلىدىكەن. مېھرىبان ئانىسى بولسا ئوماق ئوغلى بىلالنىڭ شارپىسىنى تېزراق پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مېھمانخانا ئۆيدە ئولتۇرۇپ شارپا توقۇيدىكەن.



بىلالنىڭ خالىد ئىسىملىك بىر يېقىن دوستى بار ئىكەن. ئۇ دائىم بىلالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەرس تەكرارلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دائىمقىدەك بىلالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دەرس تەكرارلاپتۇ.



بىلال دوستى خالىدقا قاراپ:- ئاداش، نېمىشقا سېنىڭ ئاناڭمۇ ساڭا قىشلىق شارپا توقۇپ بەرمەيدۇ؟- دەپ سوراپتۇ. خالىد غەمكىن هالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:- قارىغاندا ئانامنىڭ بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنسەن - دە؟!- دەپتۇ.



بىلال بۇ سوئالنى ئويلانماستىنلا سوراپ سالغىنىدىن قاتتىق خىجىل بوپتۇ ۋە خالىدىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ دەرس تەكرار قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. زېرەك ئانا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالغاچ ئولتۇرۇپ شارپا توقۇۋېرىپتۇ.



بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىلال دوستى خالىد بىلەن ھۇجرىسىدا يەنە دەرس تەكرار قىپتۇ. تۇيۇقسىز بىلالنىڭ ئانىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھۇجرىغا كىرىپ:- بىلال، خۇشخەۋەر، سېنىڭ شارپاڭنى توقۇپ پۈتتۈردۈم، - دەپتۇ.



بىلالنىڭ ئانىسى سۆزىنى تۈگىتىپلا ئارقىسىدىن چىرايلىق توقۇلغان بىر تال شارپىنى چىقىرىپتۇ. بىلال ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا ئانىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ:- رەھمەت سىزگە ئانا، كۆپ جاپا چەكتىڭىز. سىز ماڭا بۇ شارپىنى توقۇپ بېرىمەن دەپ ھەركۈنى ئۇيقۇسىز قالدىڭىز، - دەپ رەھمەت ئېيتىپ شارپىنى قولىغا ئاپتۇ.



ئارقىدىن بىلالنىڭ ئانىسى خالىد تەرەپكە بۇرۇلۇپتۇ ۋە مېھرىبانلىق بىلەن:- قارىغىنە خالىد، سېنىڭ شارپاڭ تېخىمۇ چىرايلىق!- دەپتۇ. خالىد ھەيرانلىق بىلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:- بۇ مېنىڭ شارپاممۇ؟- دەپ سوراپتۇ.



بىلالنىڭ ئانىسى چىرايلىق بىر تال شارپىنى خالىدقا ئۇزىتىپ:- ئەلۋەتتە بۇ سېنىڭ شارپاڭ. بۇنى سەن ئۈچۈن توقۇدۇم. بىلالغا ئوخشاش سەنمۇ مېنىڭ بالام،- دەپتۇ.



خالىدنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تارامىلاپ تۆكۈلۈپتۇ ۋە ئۇ:
- رەھمەت سىزگە hاما، ئاللاھ سىزگە بەرىكەت بەرسۇن!
- دەپ شارپىنى قولىغا ئاپتۇ. بىلالنىڭ ئانىسى خالىدنىڭ
بېشىنى سىلىغان hالدا:- ئاللاھ ساڭىمۇ بەرىكەت بەرسۇن،
رەھمەت قوزام! -دەپتۇ.



بىلالنىڭ ئانىسى ئاددىغىنە بىر شارپا بىلەن بۇ نارسىدە
بالىنى ئالەمچە خۇشال قىلالىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئۆيدىن
چىقىپ كېتىپتۇ.

